ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 23 ـ سان

ئىيۇن 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

# ئىسلام ئالىملىرى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن جەم بولدى



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV




ئامېرىكا «2021-يىللىق خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 2-ئىيۇن «2021-يىللىق خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تەيۋەننىڭ دىنىي ئەركىنلىك ساھەسىدە ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

بلىنكېن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا بۇ يىللىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ: «خىتاي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى داۋاملىق باستۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. خىتاي 2017-يىلى 4-ئايدىن بېرى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا تۇپلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا قامىدى، ھەرقايسى دىنلارنى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىگە خىلاپ دەپ قاراپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سالدى. خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى ۋە داۋجاۋ دىنىنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار، تىبەتتىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ۋە شۇنداقلا فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ۋە ئولتۇراقلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى» دېگەن.

**مەزكۇر دوكلاتتا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە تاراتقۇلار ئېلان قىلغان دوكلاتلار نەقىل قىلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقى، ناچار مۇئامىلە قىلغانلىقى، تۇتقۇن قىلغانلىقى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى، خىتاي كومپارتىيەسى ئىدېئولوگىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، ھەتتا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار قامالغان ئورۇنلاردا داۋاملىق ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.**




ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى ئەلچىسى راشاد ھۈسەيىن ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا خىتاي رېجىمىنىڭ ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلغان.




ئۇ خىتاينىڭ ئاساسلىقى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى داۋاملىق سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى، سۈنئىي ئىدراك ۋە چىراي تونۇش قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ، ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغان شەرقىي تۈركىستاندا نازارەت ۋە كونتروللۇقنى كۈچەيتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ باياناتىدا يەنە: «بارلىق دەلىل-ئىسپاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن. قىيناش ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خورلاش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئارقىسىدا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئائىلىسى بار. بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشكە تەلپۈنمەكتە. ئەمما ئۇلار ئاتا-ئانىلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ھەققىدە باشقىچە خەۋەر ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىخەتەر جەم بولالايدىغان-بولالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 1998-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى «خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتى» ئېلان قىلىپ، 200 گە يېقىن دۆلەت ۋە رايوننىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋەزىيىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، تونۇشتۇرۇپ كەلمەكتە.

# ب د ت شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى ئېلان قىلىشنى يەنە كېچىكتۈردى



خەلقئارا جەمئىيەت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتىنى تېزدىن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتىنىڭ يەنە كېچىكتۈرۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 2-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى پات يېقىندا ئېلان قىلىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولۇپ، مەزكۇر ئىشخانىنىڭ باياناتچىسى ئېلىزابېت سىروسىپل بۇ ئۇچۇرنى دەلىللىگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دوكلات مەزمۇنى مىشېل باچېلېتنىڭ ئالدىنقى ھەپتە ئاخىرلاشقان شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىكى «كۆزىتىشلىرى»گە ئاساسەن يېڭىلىنىدىكەن، شۇنداقلا ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن خىتاينىڭ مەزكۇر دوكلات ھەققىدىكى باھاسى ۋە تەكلىپ-پىكرى ئېلىنىدىكەن.

مەزكۇر ئورگاننىڭ بىر سابىق خىزمەتچىسى بۇ جەريان ئۈچۈن نەچچە ھەپتە، ھەتتا نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، كونكرېت ۋاقتىنىڭ يەنىلا مىشېل باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ سىياسىي خاھىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنى 12-ئىيۇندىن 8-ئىيۇلغىچە ئېچىلىدىغان بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنىڭ بۇ قېتىملىق يىغىندىن بۇرۇن ئېلان قىلىنىشىغا گۇمان بىلەن قاراشقان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇتەخەسسىسى بۇ ھەقتە توختىلىپ، دوكلات مەزمۇنىنى يېڭىلاشنى توغرا چۈشەنگىلى بولسىمۇ، بۇنى ئېلان قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، مەزكۇر دوكلاتنىڭ چوقۇم خىتاي رېجىمىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ مەزكۇر دوكلاتى ئاللىبۇرۇن پۈتۈپ بولغان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم كېچىكتۈرۈلۈپ كەلمەكتە. جۈملىدىن خەلقئارا جەمئىيەت باچېلېتنىڭ ئىشخانىسىدىن شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدىن بۇرۇن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى چاقىرىقلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان. بەزى مەنبەلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي رېجىمى باچېلېتتىن ئولىمپىكتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلات ئېلان قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇندىن كېيىن بىر قىسىم ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلار مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن بۇرۇن مەزكۇر دوكلاتنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان.

باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن كېيىن خىتاينىڭ كۈتكىنىدەك باياناتى ئېلان قىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنىڭ يەنە كېچىكتۈرۈلۈشى دىققەت قوزغىماقتا.



# ئۇيغۇرلارنىڭ بايراملىرىغا چەكلىمە قويغان خىتاي ئۆز بايراملىرىنى زورلاپ تاڭماقتا


خىتاي رىجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقلىرىغا پىسەنت قىلماي، خىتاي مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى خەلققە داۋاملىق مەجبۇرىي تاڭماقتا.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 4-ئىيۇندىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رىجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىگە خەلقنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاتالمىش «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىكى خىتاي خىزمەتچىلىرى كەنت ئاھالىلىرىنى خىتايلارنىڭ «زۇڭزا» دەپ ئاتىلىدىغان يېمەكلىكىنى تۈگۈشكە مەجبۇرلىغان. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى خىتاي خادىملىرى يەنە مەھەللە پائالىيەت مەركىزىدە ياشانغانلارنى خىتاي مەدەنىيىتىگە تەۋە ئەجدىھا قولۋاقلىرىنى ياساشقا مەجبۇرلىغاندىن باشقا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى خىتايلارنىڭ دۇەنۋۇ بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھېكايىسى ھېسابلىنىدىغان چۇ يۈەن ھېكايىسىنى سۆزلەشكە مەجبۇرلىغان. خەۋەردە يەنە كورلا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئاتالمىش «ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئالاھىدە خەۋەر قىلىنغان.

**نۆۋەتتە خىتاي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بۇ خىل پائالىيەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرى بۇلارنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان، شۇنداقلا بۇ خىل مەجبۇرىي تېڭىلغان پائالىيەتلەرنى ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» سىياسىتىگە باغلاپ يازغان ماقالە، ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان.**

خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرى ئاتالمىش «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىكى خادىملىرى ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنى نازارەت قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار تور لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاشقا، خىتاينىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، خىتاي مەدەنىيىتىنى خەلققە زورلاپ تاڭغان.

خىتاي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان دۇەنۋۇ بايرىمى







خىتايلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەپسانە-رىۋايەتلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تۈرلۈك بايراملىرىنى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرگە زورلاپ تاڭماقتا.

بۇندىن باشقا خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاي مەدەنىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «گۈزەل يېزا-كەنت قۇرۇپ چىقىش» باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ھويلا-ئاراملارنى چېقىپ، خىتايچە ئۇسلۇبتا سېلىشقا مەجبۇرلىماقتا. لوندون SOAS ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان پروفېسسورى رېچېل هارىس بۇ ھەقتە توختىلىپ: «قەبرىستانلىق، مەسچىت، چېركاۋلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش خىتاي سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى. ھاكىمىيەتلەر شۇ ئارقىلىق ئىنسانلار بىلەن تارىخنىڭ باغلىنىشىنى، ئىنسانلار بىلەن ئۇلار ئولتۇراقلاشقان زېمىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ» دېگەنىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تېررور سىياسىتىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە باشلىغان بىر پەيتتە، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغان تەشۋىقاتلارنى قاتتىق كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.





# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى «پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى

*شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى 4-ئىيۇن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەرگە رۇخسەت قىلىنغان پەرزەنت سانى بىر تۇتاش ئوخشاش قىلىۋېتىلگەن.*

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇسىنى ھەرخىل يۇمشاق، قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن چەكلەشكە، تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا بۇنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئاشكارا ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغان خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن، ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرگۈزۈش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تېررور سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 4-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي دائىرىلىرى تۆتىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»نى ئېلان قىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر نىزاملارنىڭ ئالدىنقى قېتىم تۈزىتىلگەن نۇسخىسى 2017-يىلى ئېلان قىلىنغان.

مەزكۇر ئاتالمىش «نىزام»لار خىتاينىڭ نوپۇس كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان تەدبىرلىرىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، يۇقىرىلارنىڭ بەلگىلەنگەن توي دەم ئېلىشىدىن سىرت، يەنە 20 كۈن توي دەم ئېلىش ۋاقتى قوشۇپ بېرىلىدىغانلىقى، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ھالدا پەرزەنت كۆرگەن ئەر-خوتۇنلارغا بەلگىلەنگەن تۇغۇت دەم ئېلىشىدىن سىرت، ئاياللارغا يەنە 60 كۈن تۇغۇت دەم ئېلىشى، ئەر تەرەپكە 20 كۈن پەرۋىش دەم ئېلىشى قوشۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش تۇغۇتقا ئىلھاملاندۇرۇش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغان.

نىزامنامىدە يەنە خىتاي رېجىمى ئالدىنقى مەزگىللەردە بوشاتقان پەرزەنت سانى چەكلىمىسىگە ئاساسەن، بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدىغانلىقى،




بۇ نىزامنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خىتاي رېجىمى بۇندىن ئىلگىرى يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە رەسمىيەت ۋە تەشۋىقات نۇقتىسىدىن بولسىمۇ خىتايلارنىڭ بىر پەرزەنتلىك، خىتايدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىككى پەرزەنتلىك بولۇشىغا يول قويغانىدى. نۆۋەتتە تۈزىتىلگەن نىزامدا بۇ پەرق چىقىرىپ تاشلىنىپ، خىتايلارمۇ پەرزەنتلىك بولۇشتىكى ئەڭ يۇقىرى چەكتىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغان.

ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) بۇلتۇر 12-مايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاينىڭ 2017-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان ئاتالمىش «قانۇنسىز تۇغۇشقا زەربە بېرىش» ھەرىكىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكىنى، 2017-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48.74% تۆۋەنلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سۇرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ياكى رىۋاندا ۋە كامبودژا ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدىكى نوپۇس تۆۋەنلەشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتىنى ۋەھشىي ۋاسىتىلەر بىلەن 40 يىلغا يېقىن ئىجرا قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرگە نۇقتىلىق ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئاتالمىش «پىلاندىن سىرت تۇغدى» دېگەن باھانە بىلەن يۈز مىڭلىغان بوۋاقلارنى ھامىلە ۋاقتىدىلا ئۆلتۈرگەنلىكىنى، يېقىنقى مەزگىللەردە بولسا ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۆتۈپ، «پىلانلىق تۇغۇت» تېررور سىياسىتىدىنمۇ ھالقىغان ھالدا نوپۇس چەكلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە. شۇنداقلا مەزكۇر تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «نىزامنامە»دىكى كەڭچىلىكتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەمەس، بەلكى خىتايلارنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ تېخىمۇ ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يەنىلا تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن تۇغۇت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى تەكىتلەشمەكتە.



# ياۋروپا پارلامېنتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ھەققىدە قارار ماقۇللىدى

ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياۋروپا بازىرىغا كىرىش-چىقىشىنى چەكلەش ھەققىدە قارار ماقۇللىدى.

ياۋروپا پارلامېنتى 9-ئىيۇن مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قارار ماقۇللاپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ياۋروپا بازىرىغا كىرىش-چىقىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە جىددىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دەپ بېكىتكەن.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى 9-ئىيۇن ئەتىگەن 503 ئاۋازنىڭ قوللىشى، 6 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى، 4 ئاۋازنىڭ ۋاز كېچىشى بىلەن، «يېڭى سودا قوراللىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى چەكلەش» قارارىنى ماقۇللىغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پارلامېنت يەنە مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يېقىندىن ئاشكارىلانغان خىتاينىڭ ساقچى ھۆججەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە قارار ماقۇللىغان.

مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇن لايىھەسىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەنگەن بارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ياۋروپانىڭ ئورتاق بازىرىدا چەكلىنىشىگە رۇخسەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

بېلگىيەنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى ئەزاسى ساسكىيا بىرىكمونت بۇ ھەقتە: «زامانىۋى قۇللۇقنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان پەيت كەلدى. ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان زامانىۋى قۇللۇق ياكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەك، ئاياغ ياكى ماشىنا قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئەمدى ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا بولماسلىقى كېرەك» دېگەن.

ئۇ يەنە ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەش ئۈچۈن سودا بەلگىلىمىسى ئورناتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەنپەئەتتىن قۇرۇق قېلىش ھەققىدە تەھدىت سالىدىغان لوبىچىلىق بېسىمىغا قارشى تەدبىر قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ياۋروپا پارلامېنتى ئەزاسى داۋىد لېگا مەزكۇر قارار لايىھەسىنىڭ سۇنغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئەسلىدە بىۋاسىتە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاشنى ئويلاشقانلىقىنى، ئەمما پارلامېنتتا تېخىمۇ كۆپ قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن «جىددىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دېگەن باسقۇچتا توختىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# ئىستانبۇلدا خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 10-ئىيۇن ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىغا جايلاشقان زەيتىنبۇرنۇ كۇلتۇر ۋە سەنئەت مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈچ كۈن داۋاملاشقان مەزكۇر يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋە جىددىي ۋەزىيىتى ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن زور تەسىر كۈچكە ئىگە مۇتەخەسسىسلەرگە، ئۆلىمالارغا تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخىنى تونۇشتۇردى. ئارقىدىن مەزكۇر يىغىننىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى تونۇشتۇرۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە دىققەت قىلىۋاتقان مۇھىم بىر پەيتتە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق جىنايەتلەرنى كۆرمەسكە سالغانلىقىنى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئىسلام دۇنياسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تونۇشتۇرۇلغان قىسقا فىلىم قويۇلدى.




ئارقىدىن دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى باش كاتىپى دوكتور ئەلى قاراداغى سۆز قىلىپ، بىرلىككە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سالام يوللايدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئىسلام ئۈممىتىگە بىلدۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى ۋە: «ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا

ياردەم قىلىشنى قەلبىمىزدە، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزدا ياد ئېتىپ كەلگەن بولساقمۇ، بىراق ئەمەلىي ياردەم قىلالمىدۇق. بارلىق مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشاش، بىر تارتقان ئازابىڭلاردىن ئازابلىنىپ كېلىۋاتىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈردى. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار دوكتور ئەلى قاراداغىغا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئىسام ئەلبەشىر سۆز قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر تەنگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى قايسى ئەزا ئاغرىپ قالسا، پۈتۈن بەدەننىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. دوكتور ئىسام ئەلبەشىرگە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى سىراجىددىن ئەزىزى شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن ئىلىم ۋە پىكىر تەتقىقات مەركىزى قۇرغۇچىسى دوكتور ئېھسان شەنئوجاك سۆز قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆرمەس بولۇۋالغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىتلەرنىڭ چېقىلىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادى سەۋەبلىك خارلانغانلىقىنى، پات پۈرسەتتە ئىشغالىيەتچى خىتايلاردىن ئىنتىقام ئالىدىغان پەيت كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكتور ئېھسان شەنئوجاكقا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى مۇھەممەت يۇسۇپ قارىم شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، ھالبۇكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىتاينىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان بۇ جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ھەرخىل ماددىي مەنپەئەتلەر بىلەن ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.



ئارقىدىن مالايشىيا كەلانتان ۋىلايىتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى دوكتور ئابدۇللاھ ياقۇب سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر

پارچىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاۋۋالقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. دوكتور ئابدۇللاھ ياقۇبقا تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى



ئارقىدىن كۇۋەيتنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى دوكتور ۋەلىد تابتابائى سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرگە ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن شېئىرنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىننى تەشكىللىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكتور ۋەلىد تابتابائىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى نىياز داموللام شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئىسلام دۇنيا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىرلىكى مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەييۇب ئاقبال سۆز قىلىپ،

مەركۈر تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ بۇ مۇھىم يىغىننى تەشكىللىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، يېقىن كەلگۈسىدە باشقا ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدەك مۇستەقىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



كۇۋەيتنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى دوكتور مۇھەممەد ھايىف ئەلمەترىمۇ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر بېسىۋېلىنغان بىر مۇسۇلمان تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى، بۇنى بارلىق ئىسلام ئەللىرى بىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. دوكتور مۇھەممەد ھايىف ئەلمەترىگە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئاتاۋۇللاھ خەلپىتىم شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئامېرىكىدىن كەلگەن قانۇن پىروفېسسورى دوكتور خالىد بەيدۇنمۇ سۆز قىلىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دەپ بېكىتكەنلىكىنى، ئەسلىدە كەسكىن ھالدا



«خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلدى» دەپ قارار قىلىشى كېرەكلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلىشىنى توسقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام ئۆچمەنلىكى (ئىسلامفوبىيا) ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. دوكتور خالىد بەيدۇنغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى پەتىۋا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دوكتور ئالىمجان بۇغدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان مۇتەپەككۇر دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە يۈز بېرىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسەت ۋە پىكىر ساھەسىدە كۆپلەپ سەرخىللارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ زۇلۇمدىن پات يېقىندا قۇتۇلۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككارغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە جامائەت ئەربابى، «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزايلى» ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇمالىك مۇجاھىد سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە بىر دوكلات تەييارلاپ تارقاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈرەشنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇمالىك مۇجاھىدقا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئابدۇسالام ئالىم قارىھاجىم شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى مەجلىس ئەزاسى ۋە مىسىرنىڭ سابىق دىنىي ئىشلار ۋەزىرى مەسلىھەتچىسى دوكتور مۇھەممەد سەغىر سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىسلام يولىدا چىڭ تۇرسىلا، خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ياردەم قىلغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكتور مۇھەممەد سەغىرغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇد داموللام شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن ھىندونېزىيەلىك داڭلىق ئالىم دوكتور داۋۇد رەشىد ھارۇن سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن بۇ يىغىنغا كەلگەنلىكىنى، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولغان ھىندونېزىيەدە مۇسۇلمانلار سانىنىڭ 230 مىليون ئىكەنلىكىنى، بۇ يىغىنغا ھىندونېزىيە ئۆلىمالىرىنىڭ خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. دوكتور داۋۇد رەشىد ھارۇنغا جامائەت ئەرباپى ئابدۇقادىر ياپچان شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇتەخەسسىسى جەبرائىل كۆللۈ سۆز قىلىپ، تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى رەئىسى دوكتور ئەلى ئەرباش، مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور سەلىم ئەرگۈنلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى. شۇنداقلا قىسقىچە سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەققىدە دۇئا قىلدى. جەبرائىل كۆللۈگە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى دوكتور مۇھەممەدئەلى شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن مىللىي گۈرۈش تەشكىلاتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى مۇھەممەد تۇرھان سۆز قىلىپ، ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن بىر سەپتە بولغانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈرەشنى داۋام قىلدۇرغانلا بولسا، پات يېقىندا غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇھەممەد تۇرھانغا ئابدۇلھەكىم ئىدرىس ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.

ئېچىلىش يىغىنىغا يەنە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور نازىپ يىلماز، ھايدار خەلق تەشكىلاتى رەئىسى ئەھمەد مەھمۇد ئۈنلۈ ۋە شەيخ جۇببەلى ئەھمەد خوجا ئۈتۈق تىلەپ سالام يوللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يازما سالامى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.



ئارقىدىن دوكتور سۇلتان ئەلبەھم ئەلھاشىمىي سۆز قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر جان، بىر تەن ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ خۇددى پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىغا كۆڭۈل بۆلگىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان نامىدا ۋەقفى قۇرۇپ چىقىش تەكلىپىنى بەردى. دوكتور

سۇلتان ئەلبەھىم ئەلھاشىمىيغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئابدۇلئەد ئۈچقۇن شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى.



ئارقىدىن ئەنگلىيەدىكى قۇرتۇبە تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى دوكتور ئەنەس تىكرىتى سۆز قىلىپ، يېقىندا ئەنگلىيەدىكى بارلىق ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتە ئىسلام دۇنياسىدا مۇھىم مەسىلىگە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكتور ئەنەس تىكرىتىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئەيسا قارىم شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ھەدىيە تەقدىم قىلدى. ئاخىرىدا يەنە مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان بىر قىسىم مېھمانلار قىسقىچە سۆز قىلىپ ئۆتتى.



خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى 11-، 12-ئىيۇن كۈنلىرى يەنە يېپىق تەرىقىدە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ زور كۆلەملىك يىغىلىش ھېسابلىنىدىغان مەزكۇر يىغىننىڭ كۈچلۈك تەسىر ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە.






# خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىستانبۇلدا ئۈچ كۈن داۋاملاشقان «خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى» 12-ئىيۇن كەچتە غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنى 10-ئىيۇن باشلانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغاندىن سىرت، نۆۋەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتى ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە ھەرخىل نۇقتىلار بويىچە تونۇشتۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا ھەرقايسى ئۆلىمالار خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق يىغىنغا ئىسلام دۇنياسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە مۇتەپەككۇر ئالىملار، دەۋەتچىلەر ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىدىن دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى باش كاتىپى دوكتور ئەلى قاراداغى، مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئىسام ئەلبەشىر، مولدوۋا دىنى ئىشلار مىنىستىرى، مەشھۇر ئۆلىما تارىق سۇۋەيدان، مالايشىيا كەلانتان ۋىلايىتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى دوكتور ئابدۇللاھ ياقۇب، كۇۋەيتنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى دوكتور ۋەلىد تابتابائى، ئامېرىكىدىن كەلگەن قانۇن پىروفېسسورى دوكتور خالىد بەيدۇن... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەرباblar ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، يەنە 40 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرى قاتناشقان بولۇپ، بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىدا روياپقا چىقىرىلىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇھىم پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.








جىنايىتىنى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئىسلام ئالىملىرىغا ئەتراپلىق تونۇشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقان مەشھۇر ئۆلىمالارمۇ نۇتۇقلىرىدا بىردەك شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىسلام تۇپراقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تۇپراقنىڭمۇ پەلەستىنگە ئوخشاشلا قوغدىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەشتى، شۇنداقلا يىغىن داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتلىرىدا مۇھاكىمە يىغىنىدىكى تەسىراتلىرىنى ئورتاقلاشتى.



يىغىننىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئالىم-ئۆلىمالار، سىياسىيونلار، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئاخباراتچىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈنتەرتىپتىكى مەسىلىلىرىنى مۇلاھىزە قىلدى ۋە مۇھىم تەكلىپ-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.






يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىستانبۇل ۋالىيسى ئەلى يەرلى كايا ۋە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى باش مەسلىھەتچىسى ياسىن ئاقتايمۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، مەخسۇس سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مەنپەئەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا ئالاقىدار مۇھاكىمىلەر، تەكلىپ-پىكىرلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان مەزمۇندا بايانات ئېلان قىلىندى. باياناتتا يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خىتاي دەپسەندە قىلىۋاتقان ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە





مۇرەسسە قىلماسلىققا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇشقا، خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى ئەيىبلەشكە، خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى تەشكىللەشكە ۋە خىتاينىڭ تۈرلۈك ئالدام خالتىلىرىغا چۈشمەسلىككە چاقىردى.

باياناتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جازا لاگېرى تەسىس قىلىپ، مىليونلىغان كىشىلەرنى جازا لاگېرىغا قاماش قاتارلىق ۋەھشىيانە جىنايەتلىرى ئەيىبلەنگەندىن سىرت، مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئەربابلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا تۇتۇپ، يىغىلىش، لېكسىيە ۋە مەسلىھەت يىغىنلىرىدا خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشنى قارار قىلغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

باياناتتا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقى، ئۇلارغا ئىگە بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە مىننەتدارلىق مەكتۇپى ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىندى.

مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مەزكۇر يىغىننى ئەسلىدە ئۈچ يىل بۇرۇنلا ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، خىتاي ۋىرۇسىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى سەۋەبلىك، ئىزچىل كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. نۆۋەتتە بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتە مۇھىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنمەكتە.






# باچېلېت قايتا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى

شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن كېيىنكى باياناتى سەۋەبلىك خەلقئارادا كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت ۋەزىپە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، قايتا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىرلەشمە خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مىشېل باچېلېت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 50-قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆزى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. باچېلېت ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى بۇ يىل 31-ئاۋغۇست ئاخىرلىشىدىكەن. گەرچە تۆت يىل داۋاملىشىدىغان بۇ ۋەزىپىگە باچېلېتنىڭ يەنە بىر قېتىم سايلىنىش پۇرسىتى بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن، شۇنداقلا بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ تاراتقۇلار ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن كېيىن دۇچ كەلگەن خەلقئارالىق بېسىم ۋە تەنقىدلەر سەۋەبلىك، بۇ قارارنى چىقارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**مىشېل باچېلېت 2005-يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يىل 23-مايدىن 28-مايغىچە داۋاملاشقان زىيارىتى جەريانىدا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە ئورۇننى خىتاينىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، يېپىق تەرىقىدە كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ زىيارەتتىن كېيىنكى باياناتىمۇ كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىغان بولۇپ، خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا ماسلىشىپ بەرگەنلىك، خىتاينىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققانلىق، دەپ قارالغانىدى. خىتايمۇ ئۇنىڭ باياناتىنى ماختاپ، «ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل يەكۈن چىقاردى» دەپ جار سالغانىدى.**



# پاكىستانلىق ئوقۇغۇچى خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا پىداكارلىق بىلەن قارشى چىقتى

ئالدىنقى ھەپتە پاكىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىتايلارنىڭ دەنۋۇ بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پاكىستانلىق بىر ئوقۇغۇچى پائالىيەت زالىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن.

پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد شەھىرىگە جايلاشقان دۆلەتلىك ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا 10-ئىيۇن خىتايلارنىڭ دەنۋۇ بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. پائالىيەتنى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى خىتاي تىلى مەركىزى بىلەن خەلقئارالىق تىنچلىق ۋە مۇقىملىق مەركىزى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن بولۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، خىتاي ئەلچىسى ۋە خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى تەكلىپ قىلىنغان.

پائالىيەتكە كۆرۈرمەنلەر قاتارىدا قاتناشقان مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى، پاكىستانلىق ياش مۇھەممەد ئوسمان ئەسەد ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىپ، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندىن سىرت، خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرى قويۇلغاندا، كەينىنى قىلىپ تۇرغان بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ۋە جىنايەتلىرىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن.

**مۇھەممەد ئوسمان ئەسەد بۇ ھەقتە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى ئورتاقلاشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا بۇندىن بۇرۇن ھەرقانداق بىر پائالىيەت قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلىنىدىكەن. ئەمما بۇ قېتىملىق پائالىيەت بولسا خىتايچە شېئىر ئوقۇش بىلەن باشلانغان. پائالىيەتتە خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى ئويناش، خىتايچە ناخشا ئېيتىش، خىتايلارنىڭ تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلانغان بولۇپ، خىتايلار يېتىشمىگەچكە، بىر قىسىم پاكىستانلىق ئوقۇغۇچىلار خىتايچە كىيىنىپ، نومۇر ئورۇنلاشقا ياردەملەشكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ناخشا ئوقۇلغاندا ئېكرانغا چىقىرىپ قويۇلغان ۋىدېيولاردا بىر قىسىم ئەخلاقسىز كۆرۈنۈشلەر بار بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە پاكىستان خەلقىگە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىكەن.**




پائالىيەت تەشكىللىگۈچىلەر ئۇنىڭ بۇ يالغۇز كىشىلىك نارازىلىق ھەرىكىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىقتا قاتتىق تىرىشقان ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بىر نەچچە مەسئۇل كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. پائالىيەتتىن كېيىن بىر قىسىم خىتايلار ئۇنىڭدىن بايراق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

مۇھەممەد ئوسمان ئەسەدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھەرىكەتتىن كېيىن ساۋاقداشلىرى ئاۋارىچىلىكتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان. ئۇ ھازىرغىچە مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېمىگەنلىكىنى، ئەگەر دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ زىيارەت جەريانىدا يەنە پاكىستاندىكى بىر قىسىم ئىسلامىي ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابلىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تارقىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما پاكىستان بىلەن خىتاينىڭ زىچ ئىقتىسادىي باغلىنىشى سەۋەبلىك، پاكىستان دائىرىلىرى ۋە ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىزچىل سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ بۇنىڭدىن چوڭقۇراق ھەرىكەت قىلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى رەئىسى ئۆمەرخان ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتىكى نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ پاكىستاندا ئازكۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، پاكىستان ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايغا قاتتىق بېقىنىپ قالغان بىر پەيتتە، بۇ پىداكارلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.**

# 47 دۆلەت بىرلەشمە باياناتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىدى



47 دۆلەت ب د ت يىغىنىدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك باستۇرۇش قىلمىشلىرىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى تېزدىن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ھەپتە جەنۋەدە باشلانغان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 50-نۆۋەتلىك يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىمۇ كۈنتەرتىپتىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، 14-ئىيۇن 47 دۆلەت بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش قىلمىشلىرىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گوللاندىيە مەزكۇر باياناتنى 47 دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئېلان قىلغان بولۇپ، گوللاندىيەنىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى پول بېكېرس باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ۋە نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، گەرچە خىتاي ئىزچىل ئىنكار قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆپلىگەن دوكلاتلارنىڭ بۇ جىنايەتلەرنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ئاياغ-ئاستى قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئېتىقادى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى چەكلەش قاتارلىق جىنايەتلىرى تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى دەرھال ئېلان قىلىش ھەققىدە چاقىرىق قىلىنغان. شۇنداقلا خىتاي تەرەپمۇ ب د ت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنۇملۇك ۋە ھېچقانداق چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشىگە يول قويۇشقا چاقىرىلغان.

خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىلى چېن شۇ يىغىندا مەزكۇر بىرلەشمە باياناتقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، «يالغان سۆزلەرنى تارقىتىپ، خىتايغا ھۇجۇم قىلغانلىق» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ سۆزىدە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ باياناتىنى يەنە بىر قېتىم سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇنىڭ زىيارىتىنىڭ خىتايدىكى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتى»غا بولغان چۈشىنىشنى كۈچەيتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.



# ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى

ئامېرىكا تاموژنا دائىرىلىرى ئۇزۇن مەزگىللىك تەييارلىقلارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 21-ئىيۇندىن تارتىپ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ بۇ ئاينىڭ بېشىدىكى باياناتىدا ئالاقىدار تەييارلىقلارنىڭ پۈتۈپ بولغانلىقىنى، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى 21-ئىيۇندىن تارتىپ رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا رەسمىي ماقۇللانغان ۋە يېرىم يىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن مەزكۇر قانۇن 21-ئىيۇن رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.

«ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ ئالاقىدار دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك يوق، دەپ ئىسپاتلانمىغان تەقدىردە، شەرقىي تۈركىستاندا ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرىگە چېتىشلىق زاۋۇت-كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتلار مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىشى چەكلىنىدۇ.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر مەزكۇر قانۇننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىنى ئۈنۈملۈك توسالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يەنە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بولسا كۆپلىگەن شىركەت-كارخانىلارنىڭ بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشى تەسكە توختايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ خىتايدا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاراپ چىقىدىغان ئۈچىنچى تەرەپ باھالىغۇچىلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەمىنلىگۈچى شىركەتلەرنىڭ ئالاقىدار قانۇنىي ئىسپاتلارنى تەييارلىشى ئۈچۈن كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى 13-ئىيۇن 17 بەتلىك «ئىمپورت قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت يېتەكچىسى» ناملىق كۆرسەتمىنى ئېلان قىلغان.

خىتاينىڭ ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى باياناتچىسى ليۇ پېڭيۈ بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار ئەيىبلەشلەرنى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى، ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى نىشان قىلغانلىقى، بۇ ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى تەمىنلەش زەنجىرى ۋە سودا سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

# ئادۋوكاتلار خەلقئارالىق سوتنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى




خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدىكى يېڭى دەلىل-ئىسپاتلارنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر تۈركۈم خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار 20-ئىيۇن ئالاقىدار تەپتىش ئەمەلدارلىرىغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان يېڭى ئىسپات ھۆججەتنى سۇنغان ھەمدە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئېغىر جىنايەتلىرىگە قارىتا دېلو تۇرغۇزۇشقا چاقىرغان.


بىرلەشمە خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئادۋوكاتلار ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى دەلىل-ئىسپاتلار خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەڭ يېڭى تىرىشچانلىقى ئىكەن. يېڭى ئىسپات بولسا 2018-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدىن قېچىپ چىققان بىر شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. شاھىتنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدە ئۇ ۋە جازا لاگېرىدىكى باشقا كىشىلەر دۇچ كەلگەن قىيىن-قىستاققا ئېلىنىش ۋە نامەلۇم ماددىلار ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇلۇش قاتارلىق جىنايەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**مەزكۇر ئادۋوكاتلارنىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە خىتاي خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەزا بولمىسىمۇ، ئەمما خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈش باشلاش ھوقۇقى بار ئىكەن. چۈنكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردە تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.**

**ئادۋوكاتلار خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدىن بىرىمىدىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئۆرنەك قىلىشنى تەلەپ قىلغان. روھىنگىيا دېلوسىدا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا 2019-يىلى سوت كوللېگىيەسىنىڭ «ئەزا دۆلەتلەر زېمىنىدا سادىر قىلىنغان بەزى جىنايەتلەرگە قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى يۇرگۈزەلەيدىغانلىقى» ھەققىدە قارار چىقارغان.**



بىلدۈرۈلۈشىچە، بىرما ئارمىيەسى ئالدىنقى يىللاردا روھىنگيا مۇسۇلمانلىرىغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ روھىنگيا مۇسۇلمانلىرىنى چېگرادىن بېنگالغا قېچىشقا مەجبۇرلىغان. بىرما خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ، ئەمما بېنگال مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقتەك دەلىل بىلەن، بىرما ئارمىيەسىگە قارىتا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن.



ئادۋوكاتلارنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە تەپتىش ئەمەلدارىغا سۇنغان دەلىل-ئىسپاتلاردا خىتاينى سوتلاش پىلانلىرىنىڭ تەپسىلاتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر دەلىل-ئىسپاتلاردا خىتاينىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەزا قوشنا دۆلەتلەر تەۋەلىكىدە ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ئارقىلىق تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تاجىكىستاندىن مەجبۇرىي ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

20-ئىيۇن يېڭى ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادۋوكاتلار باياناتىدا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەزا دۆلەتلەر زېمىنىدا باشلانغان ۋە خىتاينىڭ قولىدا داۋاملاشقان جىنايەتلەرگە قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى بارلىقىنى، شۇڭا خىتايغا قارىتىلغان تەكشۈرۈشنى دەرھال باشلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

# نۇرى تۈركەل
# ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى



ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان نۇرى تۈركەل ئەپەندى 21-ئىيۇندىن باشلاپ مەزكۇر كومىتېتنىڭ 2022-2023يىللىق رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

**ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئادۋوكات، تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق قۇرۇلۇشى تەشكىلاتىنىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى، خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى، تاشقى مۇناسىۋەتلەر كېڭەشىنىڭ ئەزاسى نۇرى تۈركەل ئەپەندى 2020-يىلى ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنگەندى ۋە 2021-يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندى. ئۇ بۇ قېتىم يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا مەزكۇر كومىتېتىنىڭ 2022-2023يىللىق رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.**

نۇرى تۈركەل ئەپەندى مۇهاجىرەتتىكى زور تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇرلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ 2021-يىلى خەلقئارا تاراتقۇلاردا دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 50 رەهبەرنىڭ بىرى بولۇپ باهالانغاندىن باشقا، 2021-يىلى نوتري دام ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق دىنىي ئەركىنلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ «دەۋر» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2020-يىلىدىكى «دۇنيادىكى تەسىرى كۈچلۈك 100 شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ باهالانغان.



خىتاي رېجىمى بۇلتۇر 12-ئايدا ئامېرىكىنىڭ جازا تەدبىرلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىدىكى نۇرى تۈركەل ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئامېرىكا ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى.




# خىتاي باش ئەلچىسى ئاۋستىرالىيەدە كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كەلدى

***خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سىدنېي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم پائالىيەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى.***

خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىياۋچيەن 24-ئىيۇن سىدنېي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇناسىۋىتى ئىنستىتۇتىدا نۇتۇق سۆزلىگەن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۇنىڭ يانۋار ئېيىدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئاممىۋى مۇنبەرلەردە سۆز قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.




شىياۋچيەن يىغىندا خىتاي بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى قايتىدىن ياخشىلاش مەسىلىسى ھەققىدە توختالغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم سوئاللارغا جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرىغا قامىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە چۈشەنچە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلار بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقى، خىتاي رېجىمىنىڭ مۇقىملىق ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىر قوللانغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاكتىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ئاۋستىرالىيەلىك ياش درۇۋ پاۋلو قاتارلىق بىر تۈركۈم پائالىيەتچىلەرنىڭ نارازىلىق ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن. ئۇلار نۆۋەت بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، شىياۋچيەننىڭ نۇتقىنى بۆلۈۋەتكەن ۋە «تىبەتكە ئەركىنلىك، شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىنلىك، خوڭكوڭغا ئەركىنلىك» دەپ يېزىلغان پىلاكاتنى كۆتۈرۈپ، يىغىن زالىنى ئايلانغان ھالدا يۇقىرىقى شوئارلارنى توۋلىغان.



**پائالىيەتچى دىرۇۋ پاۋلو تىۋتتېر ھېسابىدا بۇ ھەقتىكى ۋىدىيولارنى ئورتاقلاشقان بولۇپ، ئۇ نارازىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ بىر دىكتاتور رېجىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرىغا قامىغانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا خىتاب قىلغان. ئارقىدىن پائالىيەتچىلەر ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئېلىپ مېڭىشى بىلەن يىغىن زالىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. يىغىندا خىتاي ئەلچىسى ئۇيغۇرلارنى تېررورىزم ۋە بۆلگۈنچىلىك بىلەن قارىلاۋاتقان ۋاقىتتا، ئاۋستىرالىيەلىك ئۇيغۇر - بەختىيار ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلگەن ۋە: «مەن بىر ئۇيغۇر، تېرروررچى ئەمەس. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات» دەپ توۋلىغان. ئامانلىق قوغدىغۇچىلار ئۇنىمۇ يىغىن زالىدىن چىقىرىۋەتكەن.**

نارازىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا يىغىنغا قاتناشقان خىتايلار قاتتىق بىئارام بولغان بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر پائالىيەتچىلەرگە ۋارقىراپ، ئېغىر ھاقارەت سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن. دىرۇۋ پاۋلو زالدىن ئايرىلىۋاتقاندا بىر خىتاي ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى پىلاكاتنى تارتىپ، يىرتىۋەتكەن.

دىرۇۋ پاۋلو بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ نارازىلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە خىتاي رېجىمىنىڭ يەنە بىر يۈزى بارلىقىنى ئەسكەرتىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ئەلچىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ھەققىدىكى نۇتقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. بۇ قېتىملىق نارازىلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان يەنە بىر تىبەت پائالىيەتچى تىۋتتېر ھېسابىدا: «بىز قارشىلىق كۆرسىتىمىز، تاكى تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلار خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىنىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرگۈچە كۈرەش قىلىمىز» دەپ يازغان.



# ئۇيغۇر قىز ياپونىيە سىياسىي سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى

***دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ تۈرلۈك ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىماقتا. بۇنىڭ جۈملىسىدىن ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئەلى ياپونىيەدە تۇنجى بولۇپ سىياسىي سەھنىگە چىققان ئۇيغۇر بولۇپ قالدى.***

ئەرفىيە ئەلى 1988-يىلى ياپونىيەنىڭ فۇكۇكا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ياپونىيە مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچىنى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا سىياسەت كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا تۈرلۈك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە جەمئىيەتلەردە تەشكىللەش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرخىل ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋاشىنگتوندىكى خەلقئارا سىياسەت ئىنستىتۇتى، دۇنيا بانكىسى، ياپونىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.

نۆۋەتتە ئۇ ياپونىيە پارلامېنتىدا كېڭەش پالاتا ئەزالىقى ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سايلامغا قاتنىشىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلاپ، ياپونىيەدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە ياپونىيەدە سىياسىي ساھەگە قەدەم تاشلىغان تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالغان.

ئۇ تىۋىتتېردىكى ئۇچۇرلىرىدا ب د ت دىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ياپونىيەگە قايتىپ كەلگەنلىكى ھەمدە ياپونىيەدىكى ئەڭ ئاساسلىق پارتىيەلەردىن بىرى بولغان لىبېرال دېموكراتىك پارتىيەسى ساھىبخانلىق قىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق پارلامېنت ئەزالىرى سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ سۆزىدە يەنە ئۆزىنىڭ ئائىلە كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ياپونىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ قارارغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «مەن بىر ياپونىيەلىك ئۇيغۇر. نۆۋەتتە خەلقئارادا ياپونىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئايال تەنھەرىكەتچىلەر ۋە باشقا ساھەدىكى ياشلار ئانچە كۆپ ئەمەس. مەن مۇشۇ بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا ئۆزۈمنى ئاتىماقچىمەن» دېگەن.

«بۇگۈنكى ياپونىيە» گېزىتىنىڭ 20-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل 33 ياشقا كىرگەن ئەرفىيە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرخىل ساھەلەردە ئېرىشكەن مول خىزمەت تەجرىبىسى بىلەن سىياسىي سەھنىدە كۆزگە چېلىققان كاندىدات ئىكەنلىكىنى

تېزلا نامايان قىلغان. ئۇ مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: «قىرغىزقارلىق يېرى شۇكى، كىشىلەر مېنىڭ سىياسىي قارىشىم ھەققىدە ئەمەس، كۆپىنچە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سوراۋاتىدۇ. بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن بۇنى توغرا چۈشەندىم» دېگەن.

**خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئەرفىيە مۇخبىرلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ئىشلىتىشنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا «ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىسلىسىز زۇلۇملار» دېگەن جۈملىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىكەن. ئەرفىيە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ سايلام رىقابىتىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى، بۇ جەرياندا ياپونىيەدىمۇ «كۆپ خىللىق»قا بولغان مايىللىقنىڭ ئېشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.**

ئۇ بۇ قېتىملىق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنى، شۇنىڭدەك تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتىدىكى بۇ شىجائەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۈچۈر يوللىغان. شۇنداقلا ئۇ ياپونىيەدىكى ئاخبارات ساھەسىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغاپ، ھەرخىل سۆھبەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىشقا باشلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، سايلام نەتىجىسى 10-ئىيۇل ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ نامزات بولغان لىبېرال دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ سايلامدا ئۇتۇپ چىقىش ئېھتىماللىقى زور دەپ قارالماقتا.

ئەرفىيەدىن باشقا يەنە بىر ئۇيغۇر خانىم - گۈلىستان ئەزىز ياپونىيەدىكى ئوڭچىلار پارتىيەسى بولغان كۇنى مورىتو پارتىيەسىنىڭ كاناگاۋا ئۆلكىسىدىكى پارلامېنت ئەزالىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولۇپ، ياپونىيەدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

گۈلىستان خانىم 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيەگە كەلگەن كۆچمەنلەردىن بولۇپ، ئۇ سايلام رىقابىتىدىكى بارلىق نۇتۇقلىرىدا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋە خىتاينىڭ ياپونىيە ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۈگۈنكى ياپونىيەنىڭ ئەتىكى شەرقىي تۈركىستان بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.






# يەنە بىر خەلقئارالىق يىغىلىشتا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى

26-ئىيۇن ئىستانبۇلدا «ھىندىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاياللارنى قوللاش مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللار دۇچ كەلگەن ئىچىنىشلىق ۋەزىيەت تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مەشھۇر ئۆلىمالار، ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم ۋە پاتىمە ئۇجاتلى خانىم شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىغا ۋاكالىتەن مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى.

خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور مۇھەممەد سەغىر سۆز قىلىپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارنى تاراتقۇلاردا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان ئاياللار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىچىنىشلىق ۋەزىيەت تونۇشتۇرۇلغان ۋىدىيولار كۆرسىتىلدى. مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم ۋە پاتىمە ئۇجاتلى خانىم سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خۇسۇسەن خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىغا قاراتقان ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

مۇنەۋۋەر ئۆز ئۇيغۇر خانىم سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان قىز-ئاياللارنىڭ بارلىق ئەقەللىي ئىبادەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا قىيىن-قىستاقتا ئېلىش، ئاياغ-ئاستى قىلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، پەرزەنتلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىش قاتارلىق ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلانغانلىقىنى، بۇ ھەقتە ئاۋاز چىقىرىش بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنى ئەرەب تىلىدىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەخسۇس خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم يىغىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسى بۇلتۇر ئۆكتەبىر ئېيىدا ئىستانبۇلدا «خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللاش جەمئىيىتى»نى تەسىس قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىپ كەلمەكتە ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ كەلمەكتە.




# خىتاينىڭ تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى

خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تايلاند دائىرىلىرىنى سەككىز يىلدىن بېرى تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 50 نەچچە ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە چاقىردى.

**ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، نۆۋەتتە 50 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تايلاند كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 2014-يىلىدىن بېرى تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلماقتىكەن. تايلاندتىكى خەلق ھوقۇقى فوندى باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 15-ئىيۇن تايلاند پارلامېنتىنىڭ تۆۋەن پالاتاسىغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، پارلامېنتتىن تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان.**

مەزكۇر فوندنىڭ رەئىسى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىش تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تايلاندتىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەت قىلىش. ئۇلار چوقۇم خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى كېرەك. بۇ بىزنىڭ پارلامېنتقا يوللىغان ئەڭ مۇھىم ئۇچۇرىمىز» دېگەن.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا تايلاند ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مەخپىي ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر ئەمەلداردىن خىتاينىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كۈچەشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋە بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتكەن. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە خىتاينىڭ باڭكوكتىكى باش ئەلچىخانىسى نۆۋەتتە ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بەرمىگەن.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تايلاندتىكى ئالىي تەتقىقاتچىسى سۇنەي فاسۇك: «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى كۆپ يىللاردىن بۇيان خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىل توپلىدى» دېگەن ۋە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زور كۆلەملىك تۇتقۇن لاگېرىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى تەكىتلىگەن.






ئۇيەنە 2015-يىلىدىكى ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى قايتا تەكرارلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق كاپالەت بەرمىگەنلىكىنى، شۇڭا تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى 15-ئىيۇن ئۆكتىچىلەردىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى راڭسىمان رومې تۆۋەن پالاتانىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قوبۇل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كومىتېتتىكى ئورنى ۋە پارلامېنت ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.


راڭسىمان رومې مۇخبىرغا يەنە: «مەن كۈچلۈك ھالدا شۇنداق قارايمەنكى، ئەگەر تايلاند ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە، بۇ ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنىمىز بىلەن ئوخشاش» دېگەن.

تايلاند كۆچمەنلەر ئىدارىسى بۇ ھەقتە: «تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقا جايغا قايتۇرۇش پىلانى يوق. بۇ خىل قارارنى باشقا ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ئاساسلىقى دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى چىقىرىدۇ» دېگەن. تايلاندنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئامېرىكىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ھەققىدىكى تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىغان. تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى بولسا: «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى تېپىلغانغا قەدەر، تايلاند ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دېگەن.

**تايلاند ھۆكۈمىتى 2015-يىلى 7-ئايدا كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ، 173 ئۇيغۇرنى تۈركىيەگە يولغا سالغان بولۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن 109 ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇ مەسىلە تايلاندنىڭ ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك ئەيىبلەش دولقۇنىنى قوزغىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەدىكى غەزەپلەنگەن ئۇيغۇرلار تايلاند كونسۇلخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، دېرىزىلەرنى چېقىپ، تايلاند بايرىقىنى يىرتىپ، قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.**



تايلاند دائىرىلىرى شۇ ۋاقىتتا يەنە 50 ئۇيغۇرنىڭ تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ۋە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈشىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەلۇم بولۇشىچە، تايلاند ھۆكۈمىتى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە تايلاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تەخمىنەن 56 ئىكەن.




خىتاي رېجىمى نارازىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| ھەجۋىي رەسىم | ئىرشات سەرخان |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00